mardan0903@live.com

# تۈرك تىلى گرامماتىكىسى

مەردان مەتقاسىم



## Türk Dili Alfabesi — تۈرك تىلى ئېلىپبەسى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| A | a | ئا | ana | M | m | م | maymun |
| B | b | ب | baba | N | n | ن، ڭ | nan |
| C | c | ج | can | O | o | ئو | osman |
| Ç | ç | چ | çay | Ö | ö | ئۆ | ölüm |
| D | d | د | dünya | P | p | پ | parlak |
| E | e | ئە | erkek | R | r | ر | roman |
| F | f | ف | faruk | S | s | س | su |
| G | g | گ | gül | Ş | ş | ش | şair |
| Ğ | ğ | غ | bağ | T | t | ت | taze |
| H | h | خ، ھ | hava | U | u | ئۇ | uzum |
| I | ı | ئې | ılık | Ü | ü | ئۈ | üzüm |
| İ | i | ئى | istanbul | V | v | ۋ | vali |
| J | j | ژ | jandarma | Y | y | ي | yaylak |
| K | k | ك، ق | kim | Z | z | ز | zaman |
| L | l | ل | limon | | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| A, a | B, b | C, c | Ç, ç | D, d | E,e | F, f | G, g | Ğ, ğ | H, h |
| I, ı | İ, i | J, j | K, k | L, l | M, m | N, n | O, o | Ö, ö | P, p |
| R, r | S, s | Ş, ş | T, t | U, u | Ü, ü | V,v | Y, y | Z, z | |

تۈرك تىلىنىڭ ئارقا قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى جانلىق بولۇپ،ھەرقانداق پېئىلغا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇندەتمە،مەجھۇللۇق،ئىسملاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەرگە ئۆرلەشكە بولىدۇ.شۇنداقلا،سۆز تەركىبلىرىنىڭ تەرتىپىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىلىدۇ.

*Avrupa* ياۋروپا

*Avrupa-lı* ياۋروپالىق / ياۋروپانىڭ

*Avrupa-lı-laş* ياۋروپالىقلاشماق

*Avrupa-lı-laş-tır* ياۋروپالىقلاشتۇرماق

*Avrupa-lı-laş-tır-ama* ياۋروپالىقلاشتۇرالماسلىق

*Avrupa-lı-laş-tır-ama-dık* ياۋروپالىقلاشتۇرالمىغان

mardan0903@live.com

*Avrupa-lı-laş-tır-ama-dık-lar* ياۋرۇپالىقلاشتۇرالمىغانلار

*Avrupa-lı-laş-tır-ama-dık-lar-ımız* ياۋرۇپالىقلاشتۇرالمىغانلىرىمىز

*Avrupa-lı-laş-tır-ama-dık-lar-ımız-dan* ياۋرۇپالىقلاشتۇرالمىغانلىرىمىزدىن

*Avrupa-lı-laş-tır-ama-dık-lar-ımız-dan mı?* ياۋرۇپالىقلاشتۇرالمىغانلىرىمىزدىنمۇ؟

*Avrupalılaştıramadıklarımızdan mısınız?* ياۋرۇپالىقلاشتۇرالمىغانلىرىمىزدىنمۇ سىلەر؟

# سوزۇق تاۋۇشلار

## تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: e , ö , ü , i

## تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار: a , o , u , ı

## لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: o , u , ö , ü

## لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: a , e, ı , i

# سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى

بىر سۆزگە قوشۇمچە ئۇلىغاندا،ئەگەر بۇ سۆزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سوزۇق تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا ، ئۇنداقتا چوقۇم تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار بولغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ؛ ئەگەر تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا،تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بار بولغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.مەسىلەن:

## ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى( ـ lar/ ـ ler ):

**ı,a,o, u**(تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار) ⇨ **-lar**

**e,i,ü,ö**(تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار) ⇨ **-ler**

| | | | |
|---|---|---|---|
| defter | دەپتەر | defterler | دەپتەرلەر |
| öğrenci | ئۆقۇغۇچى | öğrenciler | ئۆقۇغۇچىلار |
| göl | كۆل | göller | كۆللەر |
| ev | ئۆي | evler | ئۆيلەر |
| gün | كۈن | günler | كۈنلەر |
| okul | مەكتەپ | okullar | مەكتەپلەر |
| masa | ئۈستەل | masalar | ئۈستەللەر |
| bardak | ئىستاكان | bardaklar | ئىستاكانلار |
| kıl | قىل | kıllar | قىللار |
| dal | شاخ | dallar | شاخلار |

ئەگەر ئۇلىنىدىغان بىر تۈردىكى قوشۇمچىلار ئارىسىدا لەۋلەشكەن ـ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بولسا،ئۇنداقتا ، تىل ئورنىغا قاراپ ماسلاشقاندىن سىرت يەنە شۇ ئاخىرقى سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولسا ،چوقۇم لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ؛لەۋلەشمىگەن بولسا ،لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.مەسلەن:

سوئال چىقىرىش قوشۇمچىلىرى (-mı,-mi,mu,mü)

Okul – okul mu?  Büyük – büyük mü?

Kuş – kuş mu?  öğrenci –öğrenci mi?

Çanta –Çanta mı?

# ئۆزۈك تاۋۇشلار

جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇشلار: b , c , d, g , g , j, l , m, n , r , v, y, z

جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇشلار: k , t , ş , p , ç , h , s, f

## ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى

مەلۇم بىر سۆزگە قوشۇمچە ئۇلىغاندا،ئەگەر بۇ سۆز سوزۇق تاۋۇش ياكى جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسا،ئۇنىڭغا جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلايمىز؛ ئەگەر جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسا،جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلايمىز.

مەسىلەن:

ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى( da, -de, -ta, -te- )

**Pazar - pazarda   çicek - çicekte   dershane - dershanede**

**beş - beşte   park - parkta   masa - masada   yatak - yatakta**

## ئۆزۈك تاۋۇشنىڭ فونېتىك ئۆزگىرىشى(جاراڭلىقلىششى)

**k→ğ:   kopek-köpeğim , çocuk-çocuğu**

**nk→ng:   renk-rengimiz**

**p→b:   kitap-kitabın , dolap-dolabı**

**t→d:   öğüt-öğüdüm , yurt-yurdu**

**ç→c:   ağaç-ağacın , kazanç-kazancı**

* تۈپ سۆز چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى تاۋۇشى p , ç , t , k بولغان ئۇرغۇلۇق بۇغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بولىشى كېرەك.

mardan0903@live.com

# تۈرك تىلىدىكى ئالتە كېلىش ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى

| باش كېلىش | ئىگىلىك كېلىش<br>-nın,-nin,-nun,-nün<br>-ın,-in,-un,- ün | چۈشۈم كېلىش<br>-(y)ı,-(y)i,<br>-(y)u,-(y) ü | يۆنىلىش كېلىش<br>-(y)a,-(y)e | ئورۇن كېلىش<br>-da,-de,-ta,-te | چىقىش كېلىش<br>-dan,-den,-tan,ten |
|---|---|---|---|---|---|
| ben | benim | beni | bana | bende | benden |
| sen | senin | seni | sana | sende | senden |
| o | onun | onu | ona | onda | ondan |
| biz | bizim | bizi | bize | bizde | bizden |
| siz | sizin | sizi | size | sizde | sizden |
| onlar | onların | onları | onlara | onlarda | onlardan |

مىسال:

| | باش كېلىش | ئىگىلىك كېلىش | چۈشۈم كېلىش | يۆنىلىش كېلىش | ئورۇن كېلىش | چىقىش كېلىش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆي | ev | ev-in | ev-i | ev-e | ev-de | ev-den |
| كەنت | köy | köy-ün | köy-ü | köy-e | köy-de | köy-den |
| ھەسەل | bal | bal-ın | bal-ı | bal-a | bal-da | bal-dan |
| بىلەك | kol | kol-un | kol-u | kol-a | kol-da | kol-dan |
| كۆۋرۈك | köprü | köprü-nün | köprü-yü | köprü-ye | köprü-de | köprü-den |

# iyor ـ هازىرقى زامانى

## بايان جۈملىسىنىڭ قۇرۇلمىسى:

| | | | شەخس قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| ئىگە | پېئىل | -yor<br>-ıyor<br>-iyor<br>-uyor<br>-üyor | -um.(ben)<br>-sun.(sen)<br>.(o)<br>-uz.(biz)<br>-sunuz.(siz)<br>-lar.(onlar) |

## مەسىلەن:

| ئىگە | پېئىل | زامان تۈرلىمىسى | شەخس قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|
| ben | gel | -iyor | -um. |
| sen | sat | -ıyor | -sun. |
| o | sür | -üyor | . |
| biz | yaz | -ıyor | -uz. |
| siz | al | -ıyor | -sunuz. |
| onlar | koş | -uyor | -lar. |

mardan0903@live.com

## ئىنكار جۈملىسىنىڭ قۇرۇلمىسى:

| | | | | شەخس قوشۇمچىلىرى |
|---|---|---|---|---|
| ئىگە | پېئىل | -m | -ıyor<br>-iyor<br>-uyor<br>-üyor | -um.(ben)<br>-sun.(sen)<br>.(o)<br>-uz.(biz)<br>-sunuz.(siz)<br>-lar.(onlar) |

## سوئال جۈملىسىنىڭ قۇرۇلمىسى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىگە | پېئىل | -yor<br>-ıyor<br>-iyor<br>-uyor<br>-üyor | -muyum?(ben)<br>-musun?(sen)<br>-mu?(o)<br>-muyuz?(biz)<br>-musunuz?(siz)<br>-larmı?(onlar) |

**iyor ـ هازىرقى زاماندا كۆرۈلىدىغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاجىزلىششى:**

a - ı , ara + yorum = arıyorum

e - i , iste + yorsunuz = istiyorsunuz

بولۇشسىز       پېئىل:       پېئىل       تومۇرىغا       me ـ /ma ـ نى       ئۇلاش       ئارقىلىق

yap-yapma, gül-gülme,gel-gelme…مەسىلەن.ياسىلىدۇ،

**بۇ زامان ئۇچۇن جۇملە مىسالى:**

Orhan geliyor.

Orhan geliyormu?

Orhan gelmiyor.

Orhan gelmiyormu?

## iyor ـ هازىرقى زاماننىڭ ئىشلىتىلىشى

**1. هازىرنىڭ ئۆزىدە داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەتە ياكى يۈز بېرىۋاتقان ئىشنى ئىپادىلەيدۇ.**

Ben kitap okuyorum.

İşler çok iyi gidiyor.

Dışarıda yağmur yağıyor.

Berna seni parkta bekliyor.

2. هازىرقى هالىتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

Çok yorgun görünüyorsun.

Annesine çok benziyor.

Yemekler çok güzel kokuyor.

Onlar İntanbul’da mı oturuyorlar?

3. ئادەت خارەكتىرلىك دائىم يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

Ben her gün saat 7’de kalkıyorum.

Yemekten sonra hep ellerimi yıkıyorum.

Geceleri hiç dışarı çıkmıyorum.

Ben erken yatmayı seviyorum.

4. كەلگۈسىدىكى ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

Bu akşam Emin Bey’le görüşüyor musun?

Daha çok işim var,sana gelmiyorum.

Mutlu ne zaman geliyor?

Gelecek ay evleniyorlar.

Siz dinlenmiyor musunuz?

# خەۋەرلىك قوشۇمچىسى

خەۋەرلىك قوشۇمچىسى - + سۈپەت\ئىسىم + ئىگە.

Ben + iyi + -yim = Ben iyiyim.

| خەۋەرلىك قوشۇمچىلىرى | ئىگە |
|---|---|
| -(y)ım , -(y)im , -(y)um , -(y)üm | ben |
| -sın , -sin , -sun , -sün | sen |
| -dır , -dir , -dur , -dür<br>-tır , -tir , -tur , -tür | o |
| -(y)ız , -(y)iz , -(y)uz , -(y)üz | biz |
| -sınız , -siniz , -sunuz , -sünüz | siz |
| -dırlar , - dirler , -durlar , -dürler<br>-tırlar , -tirler , -tular , -türler | onlar |

مىساللار:

Ben öğrenciyim. Sen öğretmensin.
O işçidir. Biz sporcuyuz.
Siz sekretersiniz. Onlar doktorlardir.

بۇ بىلگۇ ئۆچۈن مىسال جۈملە:

Ben dershanedeyim.
Ben dershanede değilim.
Ben dershanede miyim?
Ben dershanede değil miyim?

# تەۋەلىك قوشۇمچىسى

تەۋەلىك قوشۇمچىسى ـ +ئىسىم+(-nın,-nin,-nun,-nün,-ın,-in,-un,- ün)نىڭ ـ +ئىسىم\ئالماش

O + -nun + baba + -sı = Onun babası

| ئىگە | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى |
|---|---|
| ben | m–<br>-ım , -im , -um , -üm |
| sen | -n<br>-ın , -in , -un , -ün |
| o | -sı , -si , -su , -sü<br>-ı , -i , -u , -ü |
| biz | -mız , -miz , -muz , -müz<br>-ımız , -imiz , -umuz , -ümüz |
| siz | -nız , -niz , -nuz , -nüz<br>-ınız , -iniz , -unuz , -ünüz |
| onlar | -ları , - leri |

* ئېسىڭىزدە بولسۇن: ھەم سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان ھەم ئۈزۈك تاۋۇشتىن باشلانغان شەكىللىرى بولغان بىر تۈردىكى قوشۇمچىنى ئىشلەتكەندە،سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ؛ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ.مەسىلەن: araba – arabam , ad - adım

بۇ بىلگۈ ئۈچۈن مىسال جۈملىلەر:

Biz o adamın dostlarıyız.

Biz sizin öğrencileriniz değiliz.

Siz onun komşusu musunuz?

Siz o kızın ablası değil misiniz?

## ئۆزلۈك ئالماشلار

## kendi ئۆز

| | |
|---|---|
| **kendimiz (بىز)ئۆزىمىز** | **kendim (مەن)ئۆزۈم** |
| **kendiniz (سىلەر)ئۆزۈڭلار** | **kendin (سەن)ئۆزۈڭ** |
| **kendileri (ئۇلار)ئۆزى** | **kendisi (ئۇ)ئۆزى** |

# كەلگۈسى زامان

## بايان جۈملە قۇرۇلمىسى

| ئىگە | خەۋەر | زامان قوشۇمچىسى | شەخس قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|
| **ben** | پېئىل | $+\begin{cases}-acak\\-ecek\end{cases}$ | -ım \ -im. |
| **sen** | | | -sın \ -sin. |
| **o** | | | · |
| **biz** | | | -ız \ -iz. |
| **siz** | | | -sınız \ -siniz. |
| **onlar** | | | -lar \ -ler. |

**دىققەت:** ئەگەر پېئىل سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسا،شۇ سوزۇق تاۋۇش بىلەن –acak /-ecek ئارىسىغا باففىرلىغۇچى ـ y ـ قېتىلىدۇ.سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان شەخس قوشۇمچىسى قاتقاندا - -k ئاجىزلىشىپ يۇمشاق - ğ - بولىدۇ.

مەسىلەن:

# سوئال جۈملە قۇرۇلمىسى

| ئىگە | خەۋەر | زامان قوشۇمچىسى | سوئال قوشۇمچىسى | شەخس قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|---|
| **ben** | | | | -yım / -yim? |
| **sen** | | | | -sın / -sin? |
| **o** | پېئىل | $+\begin{cases}-acak\\-ecek\end{cases}$ | -mı-<br>-mi- | |
| **biz** | | | | -yız / -yiz? |
| **siz** | | | | -sınız / -siniz? |
| **onlar** | | | | -lar / -ler? |

mardan0903@live.com

# ئاددىي ئۆتكەن زامان

| ئىگە | خەۋەر | زامان قوشۇمچىسى | شەخس قوشۇمچىسى | سوئال قوشۇمچىسى |
|---|---|---|---|---|
| ben | پئىل | -dı<br>-di<br>-du<br>-dü<br>-tı<br>-ti<br>-tu<br>-tü | -m. | -mı?<br>-mi?<br>-mu?<br>-mü? |
| sen | | | -n. | |
| o | | | . | |
| biz | | | -k. | |
| siz | | | -nız \ -niz \ -nuz \ -nüz. | |
| onlar | | | -lar \ -ler. | |

# r ـ ھازىرقى زامانى

بۇ زاماننىڭ قوشۇمچىلىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. يەنى،

-ır , -ir , -ur , -ür ياكى -ar, -er ۋە -r قاتارلىقلار.

(1) بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللارنىڭ كۆپىنچىسىگە -ar, -er قېتىلىدۇ. مەسىلەن:

(ben) geçerim (sen) tutarsın (o) eder

(biz) açarız (siz) çekersiniz (onlar) koşarlar

(2) -r, -l بىلەن ئاياغلاشقان بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا -ır , -ir , -ur , -ür قېتىلىدۇ.

(ben) kalırım (sen) alırsın (o) olur

(biz) geliriz (siz) görürsünüz (onlar) bilirler

(3) بىردىن ئارتۇق سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا -ır , -ir , -ur , -ür قېتىلىدۇ.

(ben) inanırım (sen) götürürsün (o) kullanır

(biz) otururuz (siz) öğrenirsiniz (onlar) konuşurlar

ئەلۋەتتە، ئەگەر سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل بولسا -r لا قېتىلىدۇ. مەسىلەن:

(ben) söylersin (sen) beklersin (o) taşır

(biz) hatırlarız (siz) okursunuz (onlar) isterler

## بۇ زاماننىڭ ئىنكار جۈملىسى ھەققىدە

ئاۋۋال پېئىل ـ me, ـ ma, قوشۇلۇپ ئىنكار پېئىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن،

gel - gelme al - alma

ئاندىن بىرىنچى شەخستىن باشقىسىغا ـ z قېتىلىدۇ. مەسىلەن،

(ben) gelme (sen) gelmez

mardan0903@live.com

## ئاخىردا مۇناسىۋەتلىك شەخس قوشۇمچىلىرى قېتىلىدۇ. مەسىلەن،

**(ben) gelmem**　　　**(sen) gelmezsiz**

مىساللار:

| ئىگە | ئىنكار جۈملە | سوئال |
|---|---|---|
| (ben) | almam | almaz mıyım? |
| (sen) | bilmezsin | bilmez misin? |
| (o) | görmez | görmez mi? |
| (biz) | bulmayız | bulmaz mıyız? |
| (siz) | okumazsınız | okumaz mısınız? |
| (onlar) | istemezler | istemezler mi? |

دىققەت، بىرىنچى شەخستە بايان جۈملىدە z ـ قېتىلمىغان بىلەن سوئال جۈملىدە قېتىلىدۇ.

## ir ـ  هازىرقى زاماننىڭ ئىشلىتىلىشى

| تەرجىمىسى | مىسال | مەقسەت |
|---|---|---|
| ساڭا مۇز قايماق ئېلىپ بېرىمەن. | Sana dondurma alırım. | ۋەدە بېرىش |
| ياردەم قىلىمەن. | Yardıim ederim. | مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىش |
| ئەتە كېلىمەن. | Yarın gelirim. | مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش خاھىشىڭىزنى دېيىش |
| ئىشىكنى ئېچىۋېتەرسىزمۇ؟ | Kapıyi açar mısınız? | مەلۇم بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش |
| چاي ئىچەمسىز؟ | çay içer misiniz? | كىشىگە بىر نەرسە تۇتۇش |
| تەبرىكلەيمەن! | Tebrik ederim. | teşekkür ederim  خۇددى دېگەندەك گەپلەردە |
| ئۈچ ئەر قاۋاقخانىغا كىرىپتۇ... | Uç erkek bara girerler... | ھېكايە ياكى يۇمۇر ئېيتىش |
| بەلكىم كېلىپ قالار. | Belki gelir. | مۇمكىنچىلىق ياكى ئۈمىدنى ئىپادىلەش |
| سۇ 0 سېلسىيە گرادۇسنىڭ ئاستىدا قاتىدۇ. | Su 0℃ altında donar. | بىر ئۆزگەرمەس پاكىتنى تەسۋىرلەش |
| مەن دائىم ساھىلغا بارىمەن | Sık sık plaja giderim. | ئادەتكە ئايلانغان ياكى قايتىلىنىدىغان ھەرىكەتنى تەسۋىرلەش |

# قوشۇمچىسى  ـ an  / ـ en

بۇ پېئىلنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ پېئىل سۈپەتكە ئۆزگىرىدۇ.
ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى «ـ غان، ـ قان، ـ گەن، ـ كەن
ياكى ـ ۋاتقان...» قوشۇمچىلىرىغا تەڭداشتۇر. مەسىلەن:

**Masada oturan erkek yakışlıktı.**
ئۈستەلدە ئولتۇرغان يىگىت كېلىشكەنكەن.

**Kızımın konuşan bebeği var.**
قىزىمنىڭ سۆزلەيدىغان قونچىقى بار.

**O köşede sigara içenler Türk.**
ئاۋۇ بۇلۇڭدا تاماك چېكىۋاتقانلار تۈرك.

**Orada bira içenler ingiliz.**
ئاۋۇ يەردە پىۋا ئىچىۋاتقانلار ئىنگلىز.

# قوشۇمچىسى  ـ arak  / ـ erek

**پېئىلغا قېتىلىدۇ. جۈملىدە «ئارقىلىق، مەلۇم ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇپ...» دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.**

**Telefon ederek haber vereceğim..** **تېلېفون قىلىپ خەۋەر قىلىمەن**

**Gazeteye bakarak buldum..** **گېزىتكە قاراپ تاپتىم**

**Gülerek gitti..** **ئۇ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى**

**Bize bakarak, ‘merhaba” dedi..** **بىزگە قاراپ تۇرۇپ : «ياخشىمۇسىلەر» دېدى**

**Bilerek mi yaptınız?** **بىلىپ تۇرۇپ قىلدىڭلارمۇ؟**

**Yürüyerek geldim..** **مېڭىپ كەلدىم**

## پېئىل olmak بىلەن كەلسە ئالاھىدىراق بولۇپ، «سۈپىتىدە، ئورنىدا» دېگەندەك مەنە چىقىدۇ.

**Bu kutuyu masa olarak kullanıyorum..** **بۇ ساندۇقنى ئۈستەل قىلىپ ئىشلىتىمەن**

**Programcı olarak çalışıyorum..** **پىروگىراممىچى بولۇپ ئىشلەيمەن**

**Hediye olarak aldım..** **سوۋغات سۈپىتىدە ئالدىم**

**Meze olarak ne var?** **مەززە قىلغۇدەك نېمە بار؟**